# 257583 ـ ناماز باشلاش دۇئاسىدىكى "شەنىڭ ئۇستۇندۇر"دېگەن سۆز توغرىسىدا

## سۇئال

ماڭا بۇگۈن مۇنداق مەزمۇندا بىر خەت كەلدى: ناماز ئوقۇغۇچى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ناماز باشلاش دۇئاسىنى خاتا ئوقۇيدىكەن، شەنىڭ ئۇستۇندۇر دېگەن سۆزنى يەنى ئەرەپچە جەم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇيدىكەن، بۇنداق ئوقۇش خاتا بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ دادىسىمۇ، بالىسىمۇ ۋە چوڭ دادىسىمۇ بولمىغان. توغرا ئوقۇش شەكلى بولسا، جەم ھەرپىنى زىر ئوقۇشتۇر، ئۇنىڭ مەنىسى ئاللاھنى ئۇلۇغلاشتۇر دەپتۇ، بۇ سۆز توغرىمۇ؟جەم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇش توغرىمۇ ياكى زىر ئوقۇش توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەدىس جەم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇغان ھالەتتە بىكىتىلگەن، جەددۇكە دېگەن ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ، جەم ھەرپىنى زىر ئوقۇش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زەبەر ئوقۇغان، تەكشۈرۈپ باقساق ھېچ بىر ئالىمنىڭ ھەدىسنى زەبەر ئوقۇشتىن باشقا شەكىلدە بېكىتكەنلىكى بايان قىلىنمىغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇئەنھۇ سۇبھانە كەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋەتەبارە كەسمىكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لائىلاھە غەيرۇكە تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىمىز!بىز سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، نامىڭ ئۇلۇغ، شەنىڭ ئۇستۇندۇر، سېنىڭدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر دېگەن بۇ دۇئالارنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ساھابىلارمۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. [مۇسلىم رىۋايىتى 399–ھەدىس].

يەنە [سۈنەن دارى قۇتنىي 2–توم 58–بەت، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2996–ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ سۈپەتلىرى" ناملىق ئەسىرى 93–بەتكە قارالسۇن].

ھەدىس، پىقھى، لۇغەت ئالىملىرى ۋە باشقىلار ھەدىستە جەم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇشنى بىكىتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەكىلنى بېكىتمىگەن.

جىمنى زەبەر ئوقۇغاندا كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، ھەدىسنىڭ مەنىسى: شەنىڭ ئۇستۈندۈر، ئۇلۇغلۇقۇڭ يۈكسەكتۇر دىگەن بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئىسىم ۋە لۇغەتلەرنى تۈزەلتىش" ناملىق ئەسەرنىڭ 3-توم 331-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ناماز باشلاش دۇئاسىدا جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇغاندا شەنىڭ ئۇستۈندۈر دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، جەددۇ دىگەن سۆزنىڭ بىھاجەتلىك دىگەن مەنىسىمۇ بولۇپ، ھەر ئىككى مەنىسى توغرىدۇر. ئىمام خەتتابى پەقەت ئۇلۇغلۇق دىگەن مەنانى سۆزلىگەن، ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەندىمۇ: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر دەپ خەۋەر بەرگەن.

بەئلى "مۇتلىئ ئەلا ئەبۋابىل مۇقنىئ"ناملىق ئەسەرنىڭ 46 ـبەتتىدە مۇنداق دەيدۇ: جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇغاندا، ئەزىمىتى كاتتىدۇر دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

بەھۇتىي رەھىمەھۇللاھ "كەششاپۇل قىننائ" ناملىق ئەسىرى 2-توم 478-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇغاندا، شەنىڭ ئۇستۈندۈر، ئەزىمىتىڭ يۈكسەكتۇر دىگەن مەنالار ئىپادىلىنىدۇ.

ئىبنى قاسىمنىڭ رەۋزۇل مۇرەببىئكە يازغان ھاشىيەسى 2-توم 22-بەتتە: جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇغاندا، كاتتىلىق، نەسىۋە، بەخت ـ سائادەت، بىھاجەتلىك دىگەندەك مەنالارنى بىلدۈرىدۇ، ئۇستۈنلۈك، كاتتىلىق دىگەن كەڭرلىك ۋە چەكسىزلىك دىگەندەك ئاشۇرما سۈپەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ چەكسىز ئۇستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى: بۈيۈكلۈكىڭ ئۇستۈندۇر، بارلىق كاتتىلارنىڭ ئۇستىدىدۇر، ھەممىدىن سىنىڭ شەئنىڭ ئۇستۈندۈر، ھۆكۈمرانلىقىڭ بارلىق ھۆكۈمرانلارنى بوي سۇندۇرغۇچىدۇر دىگەن بولىدۇ".

شەيخ بەسسامنىڭ" تەۋزىيھۇل ئەھكام شەرھى بۇلۇغۇل مەرام" ناملىق ئەسىرى 2-توم 169-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: جىمنى زەبەر ۋە دالنى تەشدىدلىك ئوقۇغاندا، ئەزىمىتىڭ، كاتتىلىقىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقىڭ دىگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

جىم ھەرپى زەبەر ئوقۇلغان بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ تەكرار بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا مۇنۇ ئايەتنى كەلتۈرىدۇ: جَدُّ رَبِّنَا مَا اتَّخَذَ صَاحِبَةً وَلا وَلَداً تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە بالىسى يوقتۇر. [سۈرە جىن 3-ئايەت].

شەيخ سەئدىي رەھىمەھۇللاھ: "جىم ھەرپى زەبەر ئوقۇلغاندا، شەئنى ئۇستۈن ۋە ئىسىملىرى ئۇلۇغ دىگەن بولىدۇ" دەيدۇ.

قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ 8-توم 19-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: جەددۇ رەببىنا دىگەن: پەرۋەردىگارىمىز كاتتىدۇر ۋە ئۇلۇغدۇر دىگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇ نداق دىگەن: ئى ئاللاھ سەن ئاتا قىلغاننى توسۇۋالغۇچى يوق، سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق،

سىنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى844 –ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 593–ھەدىس].

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى، بىھاجەتلىكى ۋە يۈكسەكلىكى ئالدىدا ھېچ بىر ئىنساننىڭ بايلىقى، نەسىۋىسى ۋە ئابرۇيىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ".

ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: سىنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ دېگەن سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ: سىنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ دېگەن بولىدۇ دەيدۇ. [ئىبنى رەجەبنىڭ پەتھۇل بارى 7–توم 417–بەت].

ئىمام نەۋەۋىي مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "زەل جەددى"دېگەن سۆزدىكى جىم ھەرپىي زەبەر ئوقۇلغان، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارمۇ شۇنداق بىكىتكەن.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئۆلىمالار جىم ھەرپىنى زىر ئوقۇغاننى رىۋايەت قىلغان، ئەبۇ جەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: جىم ھەرپىي زەبەر ئوقۇلىدۇ، شەيبانى زىر ئوقۇلىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسنى نەقل قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بىز بىلىدىغان ئىختىلاپتۇر، بۇنىڭدىن باشقا ئىختىلاپنى بىلمەيمىز.

ئىمام تەبەرىي ۋە باشقا ئۆلىمالار زىر ئوقۇش توغرىسىدىكى رىۋايەتنى زەئىپ دېگەن، زەئىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ مەنىسى تىرىشچانلىق بولۇپ، سىنىڭ تىرىشچانلىقىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقى مەنپەئەت بەرمەيدۇ، پەقەت مەنپەئەت بېرىدىغىنى ۋە قۇتۇلدۇرىدىغىنى سىنىڭ رەھمىتىڭدۇر دېگەن بولىدۇ.

يەنە بەزىلەر بۇنىڭدىن: دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشتىكى تىرىشچانلىق ۋە سەئىي قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ دېگەن.

بەزىلەر بۇنىڭ مەنىسى: "تىز قېچىپ كېتىش دېگەن بولۇپ، يەنى: سىنىڭدىن ئالدىراپ قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ قېچىشىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سىنىڭ تۇتۇشىڭدا ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىدۇر.

ئەڭ توغرا قاراش: جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇش بولۇپ، بۇ: نەسىۋە، بايلىق، كاتتىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ، يەنى: دۇنيادىكى مال–دۇنيا ئىگىلىرىنىڭ تويلىغان بايلىقلىرى، ئەۋلادلىرى، چوڭچىلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئالدىدا ھېچ پايدىسى بولمايدۇ، يەنى ئۇ بايلىقلىرى ئۇ كىشىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ھەقىقەتتە ئۇ كىشىنى دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى قۇتقۇزالايدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ خَيْرٌ عِنْدَ رَبِّكَ تەرجىمىسى: ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر. [سۈرە كەھەپ 46–ئايەت].

بۇنىڭ بىلەن جىم ھەرپىنى زەبەر ئوقۇش كېرەكلىكى، زىر ئوقۇغاندا مەنادا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى ئوچۇق بولدى.

كىشىلەرنى خاتالىق سادىر قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان كىشى ئالدى بىلەن بىر سۆزنى تارقىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى تەكشۈرىشى كېرەك بولىدۇ، بولۇپمۇ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەردە كىشىلەرنى توغرا يولدىن چەكلەپ خاتا يولغا بۇيرىغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سۆز يوللىغاندا بەك ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇنۇ كىشىلەردەك بولۇپ قالىدۇ: الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعاً تەرجىمىسى: ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. [سۈرە كەھەپ 104–ئايەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.